# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىققان بىر غازاتتا بىر ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىققان بىر غازاتتا بىر ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئەيىپلىگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايال ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئەيىپلىگەنلىكى ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، بۇ ھەقتە كەلگەن بەزى ھەدىسلەردە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايال جەڭگە قاتناشمىغان تۇرسا» بۇ جۈملە ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشنى توسقانلىقىنىڭ سەۋەب مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرغان، چۈنكى بەزى ئاياللاردا باتۇرلۇق ۋە شۇجائەت بولسىمۇ كۆپىنچە ئاياللار جەڭ ۋە ئۇرۇشلارغا قاتناشماسلىقى ئادەتتۇر. ھۆكۈم ئومۇمى ئىشلارغا باغلانغان. ئەمما ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاياللار بولسا ئۆلتۈرۈلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2949

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee